# 139252 - قانداق قىلغاندا بالىلارنى روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرگىلى بولىدۇ؟

## سوئال

مېنىڭ توققۇز ياشلىق بالام بار، ئوغلۇم ئۆتكەن يىل ئون بەش كۈن روزا تۇتتى، ئوغلۇمنى بۇ يىل رامىزاننى تولۇق روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بۇ توغرىدا ياردەم قىلىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: مۇشۇنداق سوئاللارنى كۆرۈش بىزنى خۇرسەن قىلىدۇ، مانا بۇ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ تائەت-ئىبادىتى بىلەن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش چاقىرىقىغا بولغان سەممىيىتىدۇر.

ئىككىنچى: توققۇز ياشلىق ئوغۇلنى ئىسلام شەرىئىتى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇمايدۇ، چۈنكى ئۇ بالا بالاغەتكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا روزا تۇتۇش پەرز ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىلارغا ئەۋلادلارنى تائەت-ئىبادەت بىلەن يارامىلىق تەربىيىلەشنى، ئۇلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىش، ئون ياشقا كىرىپمۇ ناماز ئوقۇمىسا ئۇلارنى ئەدەپلەشكە بۇيرىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ پەرزەنتلىرىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ناماز-ئوقۇش، روزا تۇتۇش قاتارلىق ئۇلۇغ، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئادەتلەندۈرەتتى، بۇنىڭ ھەممىسى پەرزەنتلەرگە ياخشى كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى ئىسىل، ئەخلاق-پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بالىلارنى نامازغا بۇيرۇش توغرىسىدا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«پەرزەنتلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى ئەدەپلەڭلار، ئۇلارنىڭ ئۇخلايدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىم قىلىپ بېرىڭلار.»** [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى 495-ھەدىس. شەيخ ئەلبانىي رەھمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇتنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

بالىلارنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا، رەبىئە بىنت مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇرا كۈنى (مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10-كۈنى) ئەتىگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنسارىلار ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىلەرگە خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتىپ: **«بۈگۈن روزا تۇتقان كىشىلەر، تۇتقان روزىسىنى داۋاملاشتۇرسۇن، روزا تۇتمىغانلار بولسا كەچ كىرگىچە بىر نەرسە يىمەي روزىدار ھالەتتە**

**بولسۇن، دېدى. بىز شۇنىڭدىن كېيىن روزا تۇتتۇق، كىچىك باللىرىمىزمۇ روزا تۇتتى، بىز ئۇلارنى مەسچىتكە ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا يۇڭدىن ياسالغان ئويۇنچۇقلارنى تەييارلايتتۇق، ئۇلار يېمەكلىك تەلەپ قىلىپ يىغلىسا، شۇ ئويۇنچۇقلاردىن بېرىپ يىغىسىنى پەس قىلاتتۇق، ئىپتار ۋاقتى بولغاندا يېمەك بېرەتتۇق.»** [بۇخارى رىۋايىتى 1960-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1136-ھەدىس].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رامزاندا مەس بولۇپ قالغان كىشىنى: **«ئېىست ساڭا! بىزنىڭ كىچىك باللىرىمىز روزا تۇتىۋاتىدۇ دەپ تاياق بىلەن ئەدەپلەيتتى.»** [بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى كىچىك باللارنىڭ روزا تۇتۇشى دېگەن بۆلۈمگە ئالاقىدار قىلىپ بايان قىلغان].

ئاتا-ئانىلارنىڭ باللارغا روزا تۇتۇشنى تەلىم بېرىش ۋاقتى پەرزەنتلەرنىڭ روزا تۇتۇشقا تاقىتى يېتىدىغان يىشىدۇر. بۇ ياش باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى پەرقلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن پەرقلىق بولىدۇ.بەزى ئۆلىمالار بۇ ياشنى ئون ياش دەپ بېكىتكەن. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن 65558-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئۈچىنچى: ئەمما باللارنى روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ۋاستىلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر:

1-روزىنىڭ ساۋابى، پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىش ۋە جەننەتتە مەخسۇس روزىدارلار كىرىدىغان رەييان ئىسىملىك بىر ئىشىكنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش.

2-رامزان كېلىشتىن بۇرۇن شەئبان ئايلىرىدا ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قانچە كۈندىن روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا رامزان ئېيى كەلگەندە ئۇشتۇمتۇتلۇق ھېس قىلمايدۇ.

3-كۈندۈزنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىغىچە روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈپ ئاستا-ئاستا ۋاقتىنى ئۇزارتىش.

4-سوھۇرلۇق يېيىشنى كېچىنىڭ ئاخىرىغا كېچىكتۈرۈش كېرەك، بۇمۇ ئۇلارنىڭ كۈندۈزى روزا تۇتۇشىغا ياردەمچە بولىدۇ.

5-ھەر كۈنى ياكى ھەر ھەپتىدە مەلۇم ماددى مۇكاپات بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى روزا تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

6-ئائىلە ئەزالىرى ئىپتار قىلغاندا، سوھۇرلۇق يېگەندە باللارنى روزا تۇتقانلىقنى ماختاپ قويۇش كېرەك، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ.

7- ئەگەر بىر قانچە پەرزەنت بولسا، ئۇلارنى ئۆز-ئارا مۇسابىقە قىلدۇرۇش، كېيىن قالغانلارنى ئەيىبلىمەسلىك كېرەك.

8- بالىلارنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتسە، ئۇلارنى ئۇخلىتىش ياكى ئۇلارنى چارچاتمايدىغان ئويۇنلارغا مەشغۇل قىلىش كېرەك، ساھابىلارمۇ بالىلىرىغا شۇنداق قىلغان. شۇنىڭدەك بالىلارغا خاس پروگراممىلار ياكى ئىسلامى كارتۇن فىلىملىرىنى قويۇپ بېرىش كېرەك.

9- ئاتا بولغۇچى ئوغلىنى مەسچىتكە بىرگە ئېلىپ بېرىشنى ئادەت قىلىۋېلىشى كېرەك، بولۇپمۇ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن مەسچىتكە بېرىپ دەرس ئاڭلاش، مەسچىتتە ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە زىكىر بىلەن مەشغۇل بولۇش.

10- بالىلارنىڭ روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئېلىپ، كۈندۈزدە ياكى كەچ تەرەپلەر مەخسۇس كىچىك بالىلار روزا تۇتىدىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىش كېرەك.

11- ئىپتاردىن كېيىن ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىت سەيلە قىلدۇرۇش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئۇلارغا كۆڭلى خالىغان يېمەكلىك، تاتلىق-تۈرۈملەرنى ، مېۋە سۈيى قاتارلىق ئېچىملىكلەرنى ئېلىپ بېرىش.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بالىلار كۈننىڭ ئۇزۇن، ھاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشى سەۋەبىدىن ئىپتار بولغۇچە تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان، بەك چارچاپ كېتىدىغان، سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىدىغان ياكى شۇ سەۋەپتىن ئىبادەتنى ئۆچ كۆرىدىغان ھالەتلەر كۆرۈلسە، ئۇلارغا تېخى روزا تۇتۇش پەرز بولمىغانلىقى سەۋەبلىك (ئۇلارنى روزىغا ئادەتلەندۇرۇش باسقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قاتتىقلىق قىلماي)،ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىش كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.